ئىزوپ مەسەللىرى



# چاشقانلارنىڭ يىغىن ئېچىشى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەزوپ مەسەللىرى

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

ISBN 978-7-228-08333-6
9 787228 083336 >
定价:2.50元

# چاشقانلارنىڭ يىغىن ئېچىشى

ئاپتورى: ئىزوپ (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

老鼠开会/(古希腊）伊索著；阿里木江·阿扎提译.
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.9（2007.3 重印）
（伊索寓言选）
据沈阳出版社2000年6月第1版2001年3月第2次印刷本选译
ISBN 978 - 7 - 228 - 08333-6

Ⅰ.老... Ⅱ.①伊...②阿...Ⅲ. 寓言—作品集—古希腊—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I545.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第085820号

责任编辑：　艾合买提·伊明
责任校对：　塞娜瓦尔·伊不拉音
封面设计：　艾克白尔·萨力

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米　32开本　1.5印张
2003年9月第1版　2007年3月第2次印刷
印数：5,001—10,000

---

ISBN 978-7-228-08333-6　　定价2.50元

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب شىنياڭ نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

**چاشقانلارنىڭ يىغىن ئېچىشى**

ئاپتورى: ئىزوپ (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى № 348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 1.5
2003 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 5,001—10,000
ISBN 978-7-228-08333-6
باھاسى: 2.50 يۈەن

# ئات بىلەن ئات باقار

بىر ئات باقار ئېتىنى كۈندە يۇيۇپ - تاراپ تۇرىدىكەنۇ، ئەمما خوجايىن ئاتنىڭ يېيىشى ئۈچۈن بەرگەن قوناقنى ئوغرىلىقچە ئاچچىقىپ سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇۋالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئات كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بىر كۈنى ئات باقارغا:

—سەن چىن كۆڭلۈڭدىن ماڭا كۆيۈنسەڭ، مېنى ئازراق يۇيۇپ - تاراپ، كۆپرەك ئوزۇقلاندۇرغىن! — دەپتۇ.



# بۆره بىلەن قوزىچاق

بىر قوزىچاق ئۆگزىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، بىر بۆرىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ھەمدە ئۆزىنى ناھايىتى بىخەتەر ھېسابلاپ، بۆرىنى بولۇشىغا تىللاپتۇ. بۆره بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مېنى كىمنىڭ تىللاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، مېنى تىللاۋاتقىنى سەن ئەمەس، بەلكى ئۆگزە ئىكەن، — دەپتۇ.



# ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان مېكىيان

بىر جۇپ ئەر ـ خوتۇن دېھقان بىر مېكىيان باققان بولۇپ، ئۇ مېكىيان ئۇلارغا كۈندە بىر دانە ئالتۇن تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىكەن. ئۇلار «مېكىيانىنىڭ قورسىقىدا چوقۇم يوغان ئالتۇن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بىراق، مېكىيانىنىڭ قورسىقىدىن تېرىقچىلىكمۇ ئالتۇن چىقماپتۇ. بۇ كالۋا ئەر ـ خوتۇن بىراقلا بېيىشنى ئويلاپ، ئاقىۋەت، ئۆزلىرىنىڭ بايلىق مەنبەسىدىن مەھرۇم قاپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چاشقانلارنىڭ يىغىن ئېچىشى

مۇشۇكتىن ئۇنۇملۇك مۇداپىئە كۆرۈشنىڭ ئامالىنى تېپىش ئۇچۇن، چاشقانلار ئالاھىدە يىغىن ئېچىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى « مۇشۇكنىڭ بويىنىغا بىر قوڭغۇراق ئېسىپ قويايلى، شۇنداق قىلساق، ئۇ مىدىرلىغان ھامان بىز شەپىسىنى ئاڭلاپ قېچىپ كېتەلەيمىز » دېيىشىپتۇ. بىراق، « مۇشۇكنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراقنى كىم ئاسىدۇ » دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان چاغدا ھەممىسى جىمىپ كېتىپتۇ.





# ئېشەك، خوراز ۋە شىر

ئېشەك بىلەن خوراز بىر يەردە تۇرىدىكەنتۇق. بىر كۈنى، ئېچىرقاپ كەتكەن بىر شىر كېلىپ، ئېشەكنى يېمەكچى بوپتۇ. بۇ چاغدا خوراز توختىماي قاقىلداپ، شىرنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ كېتىپتۇ. شىر ئۇنىڭ قاقىلداۋېرىشىگە چىدىماي كەينىگە يېنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئېشەك «مەن ھاڭرىسام ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ كەتكۈدەك» دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۆزىچە غەيرەتكە كېلىپ، شىرنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ شىرنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا يەم بولۇپ كېتىپتۇ.



# دېھقان بىلەن تۈلكە

تۈلكە دائىم دېھقاننىڭ باققان قۇشلىرىنى ئوغرىلاپ كەتكەچكە، دېھقان ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۆچ بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تاپىنىغا قادالغان تىكەن دەپ ھېسابلاپتۇ. كۈنلەرنىڭ بى-رىدە، ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، تۈلكىنى تۇتۇۋاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا پاختىنى باغ-لاپ، ئوت يېقىۋېتىپتۇ. تۈلكە ئاغرىققا چىدىماي ئۆزىنى ھەريان ئېتىپتۇ، ئېتىزلىققا يۈگۈرۈپ كىرىپ، دېھقاننىڭ پىشقان بۇغدايلىرىنى پۈتۈن-لەي كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. دېھقان زىياننىڭ تېخىمۇ ئېغىرىنى تارتىپتۇ.





www.uyghurkitap.com

# پادىچى بىلەن ئىت

گۆگۈم چۈشەي دېگەن چاغدا، پادىچى قويلىرىنى قوتانغا قايتۇرۇپ كەپتۇ. ھەممە بايا ئۆزى ئۆتكۈزۈۋالغان بۆرىنىمۇ ئاشۇ قوتانغا سولاپ قويماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا ئىتى ئۇنىڭغا:

— خوجايىن، بۆرىنى قوي پادىسىغا قوشۇپ قويسىڭىز، قويلار قانداق ساق تۇرىدۇ؟ — دەپتۇ.



# دوختۇر بولۇۋالغان پاقا

ئېلىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان پاقا جاپا چەكمەيلا ھالاۋەتكە ئېرىشىشنى خىيال قىپتۇ. ھەممە ھايۋانلار ئارىسىدا تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى تارقىتىپ، ھەرقانداق ھايۋاننىڭ كېسىلىنى ساقايتالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىر تۈلكە ئۇنىڭغا:

—سەن ئۆزۈڭنىڭ توكۇر پۇتۇڭنى ساقايتالماي تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ كېسىلىنى قانداق ساقايتالايتتىڭ؟ — دەپتۇ.





# شىمال شامىلى بىلەن قۇياش

شىمال شامىلى بىلەن قۇياش بەسلەشمەكچى بوپتۇ ھەمدە «يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ چاپىنىنى كىم ئەڭ ئاۋۋال سالدۇرۇۋېتەلىسە، شۇ ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلانسۇن» دەپ كېلىشىپتۇ. شىمال شامىلى كۈچىنىڭ بارىچە پۇۋلىگەنىكەن، ھېلىقى ئادەم چاپىنىنى سېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ چىڭ كىيىۋاپتۇ. قۇياش كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئىللىق نۇر چېچىپتىكەن، ئۇ ئادەم چىپىلداپ تەرلەپ كېتىپتۇ ھەمدە چاپىنىنى سېلىۋېتىپتۇ.





# بۈركۈت بىلەن قاغا

بۈركۈت بىر قوزىنى تۇتۇۋېلىپ ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن قاغىنىڭ ئىچى تارلىقى كېلىپ، بۈركۈت بىلەن بەسلىشىپ باقماقچى بوپتۇ ھەمدە تاغ قاپتىلىدا تۇرغان بىر قوشقارغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. ئۇ شۇنچە كۈچەپمۇ، قوشقارنى مىدىرلىتالماپتۇ، ئەكسىچە، ئۆزى يۇڭىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇۋچى ئۇنىڭ قاناتلىرىنى كېسىپ، بالىلىرىغا بېرىپتۇ. بالىلىرى:

— دادا، بۇ قانداق قۇش ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇۋچى:

—ئۇ بۈركۈت بىلەن بەسلەشمەكچى بولغان قاپاق باش قاغا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.







# ئىت بىلەن كالا تېرىسى

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بىرقانچە ئىت كۆلچەكتە كالا تېرىسىنىڭ لەيلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ھەممىسى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى ئالالماپتۇ. ئاخىردا، ئۇلار بىر ئامالنى ئويلاپ تېپىپتۇ: كۆلچەكنىڭ سۈيىنى ئىچىپ تۈگىتىۋەتمەكچى بوپتۇ! بىراق، كۆلچەكنىڭ سۈيى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قورسىقى ئېسىلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ.





# مايمۇن بىلەن تۆگە

ھايۋانلار ئورماندا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. مايمۇننىڭ ئويىنىغان ئۇسسۇلى ھەممەيلەننى زوقلاندۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا ئىچى تارلىقى كەلگەن تۆگىمۇ مەيدانغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپتۇ. ئۇ-نىڭ قوپال ھەرىكەتلىرىدىن بىزار بولغان سورۇن ئەھلى ئۇنى شۇ ھامان سورۇندىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ.





# بۇرگە بىلەن پالۋان

بىر بۇرگە پالۋاننىڭ پۇتىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. پالۋان ئۇنىڭغا ھېچ ئامال قىلالماي، كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىلاھىدىن ياردەم تەلەپ قىپتۇ. دەل شۇ چاغدا بۇرگە ئۇنىڭ يەنە بىر پۇتىنىمۇ چىقىرىۋاپتۇ. پالۋان ئەرۋاھى ئۇچقان ھالدا:

—كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىلاھى، مېنىڭ بۇ بۇرگىنى يېڭىشىمگە ياردەم قىلغىن. مەن ئۇنى يېڭەلمەي تۇرۇپ، كۈچلۈك دۈشمەنلىرىمگە قانداقمۇ تاقابىل تۇرالايمەن؟ — دەپتۇ.







كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇر www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېگى تادرىيسى

# ئېشەك بىلەن ئادەم

بىر ئادەم ئېشىكىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقانـ
كەن، ئېشەك تۇيۇقسىزلا يولدىن چەتنەپ، يار
تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىپتۇ. ئۇ ياردىن
سەكرەي دەپ تۇرغاندا، ئىگىسى كېلىپ قۇيرۇـ
قىدىن تۇتۇۋاپتۇ. بىراق، ئېشەك جان ـ جەھلى
بىلەن تىركەشكەچكە، خوجايىنى كۈچ ئىشلىتالـ
ماي، نائىلاج:

—بوپتۇ، سەكرىگىن! سەن غەلىبە
قىلدىڭ! — دەپتۇ.





# زەھەرلىك يىلان بىلەن ئېكەك

ئىچىرقاپ كەتكەن بىر زەھەرلىك يىلان مېتالچىلىق دۇكىنىغا كىرىپ، ئۇ يەردىن بىر نەرسە تېپىپ يېمەكچى بوپتۇ ھەمدە ئېكەكتىن ئۆزىگە يەيدىغان نەرسە بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئېكەك ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— بەك دۆت نېمىكەنسەن، مېنىڭ باشقىلاردىن ئېلىشنىلا بىلىپ، بېرىشنى بىلمەيدىغىنىمنى چۈشەنمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟ — دەپتۇ.





# پاقا بىلەن قۇياش

بىر كۈنى، قۇياش خوتۇن ئالدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پاقىلار غەزەپكە كېلىپ، قۇياشنىڭ ئۈستىدىن تەڭرىگە ئەرز سۇنۇپتۇ ھەمدە مۇنداق دەپتۇ:

—ئاسماندا بىرلا قۇياش بار چاغدا، كۆللەر قۇرۇپ، جان ساقلىمىقىمىز تەس بولۇپ كەتكەندى. ئەگەر قۇياشتىن يەنە بىرى كۆپەيسە، بىز قانداق چىدايمىز؟







# تۆگە بىلەن ئادەملەر

كىشىلەر تۆگىنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىدە، ئۇنىڭ يوغان بەستىنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن قېچىپ كەتكەنىكەن، كېيىن، ئۇلار تۆگىنىڭ رايىش هايۋان ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئاستا-ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتۇ. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار تۆگىنىڭ بەكلا مۇلايىم ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مىنىدىغان قاتناش قورالى قىلىۋاپتۇ.







www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# ياۋا توشقان بىلەن تۈلكە

ياۋا توشقان بۆركۈتكە جەڭ ئېلان قىپتۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ كۈچ ئېلىشالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، تۈلكىنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. تۈلكە:

— ساڭا بەكمۇ ياردەم قىلغۇم بار، لېكىن مەن ئاۋۋال سېنىڭ كىم بىلەن ئېلىشىدىغانلى-قىڭنى بىلىپ بېقىشىم كېرەك، — دەپتۇ.





www.uyghurkitap.com

# قۇدۇقتىكى توشقان

ئىسسىقتا ئۇسساپ كەتكەن توشقان بىر قۇدۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، دەرھال ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ، قانغۇدەك سۇ ئىچىپتۇ. بىراق، قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن قايتىپ چىقالماي: «قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر تۈلكە قۇدۇقنىڭ ئۈستىدىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ:

— بەك ئالدىراڭغۇ ئىكەنسەن، قانداق يېنىپ چىقىدىغانلىقىڭنى دەسلىپىدە نىمىشقا ئويلىمىغانىدىڭ؟ — دەپتۇ.



# ئەرەب بىلەن تۆگە

بىر ئەرەب سودىگەر تۆگىسى بىلەن قۇملۇقتا سەپەرگە چىقىپتۇ. كەچ بولغاندا، ئۇ چېدىر تىكىپ ئارام ئاپتۇ. يېرىم كېچىدە تۆگىسى ئۇنى ئويغىتىپ:

— سىرتتا شامال كۈچىيىپ، كۆزۈمنى ئاچقىلى قويمايۋاتىدۇ. بېشىمنى چېدىرنىڭ ئىچىگە تىقىۋالسام بوپتىكەن، — دەپتۇ. سودىگەر ماقۇل بوپتۇ. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن، تۆگە يەنە بەدىنىنىڭ يېرىمىنى چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېلىشنى تەلەپ قىپتىكەن، سودىگەر ماقۇل بوپتۇ ھەمدە بۇلۇڭغا سۈرۈلۈپ يېتىپتۇ. لېكىن، تۆگە بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، بىراقلا چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ ھەمدە بۇلۇڭدا ياتقان سودىگەرنى قىستاپ سىرتقا چىقىرىۋېتىپتۇ.



# تۆگە بىلەن تۆگىچى

بىر ئەرەب تۆگىچى تۆگىسىگە يۈك تاۋارنى ئارتىپ سەپەرگە ئاتلانماقچى بوپتۇ ھەمدە تۆگىسىدىن:

— سەن تاغقا چىقىشقا ئامراقمۇ ياكى تاغدىن چۈشۈشكە ئامراقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆگە بولسا ئۈنىڭدىن:

— بۇ قانداق گەپ؟ بىز قۇملۇقتىن چىقىپ كەتتۇقمۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوراپتۇ.






# شىر بىلەن ياۋا توشقان

ياۋا توشقان ئۇۋىسىدا ئۇخلاۋاتقان چاغدا، شىر ئۇنى بايقاپ قاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلىشىپتۇ، ياۋا توشقان ھېچنېمىنى تۇيماپتۇ. شۇ چاغدا شىر چىرايلىق بىر بۇغىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ياۋا توشقاننى تاشلاپ قويۇپ، بۇغىنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. ياۋا توشقان شۇ ھامان ئويغىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ. شىر شۇنچە قوغلاپمۇ بۇغىغا يېتىشەلمىگەندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ ياۋا توشقاننى يېمەكچى بوپتۇ ھەمدە ئۇنىڭمۇ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، پۇشايمان قىلغان ھالدا:

— ئاچ كۆزلۈكۈمدىن ھەممىدىن قۇرۇق قاپتىمەن - دە، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## سېرىق ھەرە بىلەن يىلان

سېرىق ھەرە بىلەن يىلان تۇتۇشۇپ قاپتۇ، سېرىق ھەرە يىلاننىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە نەشتىرىنى سانجىپ، ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپتۇ. ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان يىلان بېشىنى بىر هارۋىنىڭ چاقىغا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۆزىگە چاپلىشىۋالغان ھەرىگە:

—ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، ئىككىلىمىز تەڭلا ئۆلەيلى! — دەپتۇ.



## ياڭاق دەرىخى

ياڭاق دەرىخىنىڭ مېۋىلىگىنىنى كۆرگەن كىشىلەر ياڭاق يېيىش ئۈچۈن دەرەخكە تاش ئېتىپ، توقماق بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇرۇۋېتىپتۇ. دەرەخ كۆڭلى يېرىم بولغان هالدا:

— مەن ئادەملەرنى مېۋە بىلەن تەمىنلىسەم، ئۇلار ماڭا مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇردى، نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك، — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# قاغىنىڭ سۇ ئىچىشى

ئۇسساپ كەتكەن بىر قاغا ئىچىدە سۇ بار بىر ئىدىشنى بايقاپ قاپتۇ. بىراق، ئىدىشتىكى سۇ بەك تېيىز بولغاچقا، قاغا تۇمشۇقىنى ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۇنىڭغا تەگكۈزەلمەپتۇ. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر ئەپچىل بىر ئۇسۇلنى تې- پىپ چىقىپتۇ - دە، نۇرغۇن ئۇششاق تاشنى تېرىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئىدىشنىڭ ئىچىگە تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇ ئاستا - ئاستا ئۆس- تىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ، قاغا ئۇنى قانغۇدەك ئىچىپتۇ.



# ئىت ۋە شىر تېرىسى

بىرقانچە ئىت بىر پارچە شىر تېرىسىنى تې-پىۋېلىپ، ئۇنى تىتما - تالاڭ قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرگەن تۈلكە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بۇ تىرىك شىر بولغان بولسا، سىلەر ئۇنىڭ چىشلىرىنىڭ قانچىلىك ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان بولاتتىڭلار، — دەپتۇ.



# تۈلكە بىلەن شىر

بىر تۈلكە شىرنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانى-كەن. بىر كۈنى ئۇ ئورماندا شىرنى ئۇچرىتىپ قېلىپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ. ئەتىسى شىرنى يەنە ئۇچراتقان چېغىدا بىرئاز قورققان بولسىمۇ، لېكىن تۈنجى كۈنىدىكىدەك قورقۇپ كەتمەپتۇ. ئۇ شىرنى ئۈچىنچى قېتىم ئۇچراتقان چېغىدا كۆڭلىدىكى قورقۇنچ تۈگەپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپتۇ.






www.uyghurkitap.com

# ئايال بىلەن مېكىيان

بىر ئايال بىر مېكىيان بېقىپتۇ، مېكىيان ئۇنىڭغا كۈندە بىر دانە تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىكەن. لېكىن، ئايال بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، ئۇنى «كۈندە ئىككى دانە تۇخۇم تۇغۇپ بەرسىكەن» دەپ ئويلاپتۇ ھەمدە ئۆزىچە ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ، مېكىيانغا كۈندە ئىككى ھەسسە تاماق بېرىپتۇ. نەتىجىدە، مېكىيان سەمرىپ كېتىپ، بىرمۇ تۇخۇم تۇغالماس بولۇپ قاپتۇ.



## شىر بىلەن چاشقان

چاشقان شىرنى ئېھتىياتسىزلىقىدىن ئويغىتىۋەتكەچكە، شىر غەزەپلىنىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ۋەتمەكچى بوپتۇ. چاشقان يالۋۇرۇپ:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكىن، ياخشىلىقىڭنى كېيىن چوقۇم قايتۇرىمەن، — دەپتۇ. شىر ئۇنىڭ بىچارە تۇرقىنى كۆرۈپ قويۇپ بېرىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن، شىرنى ئوۋچىلار تۇتۇۋېلىپ، چەمبەرچاس باغلىۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا، چاشقان يېتىپ كېلىپ، ئارغامچىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپ، شىرنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ ھەمدە:

— بايا مېنى كۆزگە ئىلمىغانىدىڭ، ئەمدىغۇ كارامىتىمنى كۆرگەنسەن، — دەپتۇ.





# چۈمۈلىلەر بىلەن سەرەتان

قىش پەسلىنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى، چۈمۈلىلەر يازدا يىغىۋالغان ئاشلىقىنى ئاپتاپقا سېلىۋاتقانىكەن، ئېچىرقاپ كەتكەن بىر سەرەتان كېلىپ، ئۇلاردىن ئازراق سوراپتۇ. چۈمۈلىلەر:

— يازدا ئاشلىق يىغىۋالماي نېمە ئىش قىلغانىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. سەرەتان:

— يازدا ناخشا ئېيتىش بىلەن ئالدىراش تۇرسام، نەدىكى ۋاقتىم؟ — دەپتۇ. چۈمۈلىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ:

— يازدا ناخشا ئېيتىش بىلەن ئالدىراش بولغان بولساڭ، قىشتا ئاچ قورساق ئۇسسۇل ئوينا، — دەپتۇ.





# چىۋىن بىلەن ھەسەل

بىر قۇتا ھەسەل ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. ھەسەلنىڭ تاتلىق ھىدىنى پۇرىۋالغان بىر توپ ئاچ كۆز چىۋىن ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇلار قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، كەتمەكچى بوپتىكەن، پۇتلىرى ھەسەلگە چاپلىشىپ قېلىپ، شۇنچە كۈچەپمۇ ئۆزلىرىنى بوشىتالماپتۇ ھەمدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار ئۆلەر چېغىدا ئاھ ئۇرۇپ:

— بەك دۆتكەنمىز، ئازراق مەنپەئەتنى دەپ جېنىمىزنى سېلىپ بەردۇق! — دېيىشىپتۇ.



# خوراز بىلەن بۈركۈت

ئىككى خوراز ئۇستۇنلۇك تالىشىپ، قاتتىق ئېلىشىپ كېتىپتۇ. ئېلىشىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مەغلۇپ بولغان خوراز ئۆزىنى ئاستا بىر بۇلۇڭغا ئاپتۇ. غەلىبە قىلغان خوراز بولسا تامنىڭ ئۇستىگە سەكرەپ چىقىپ، خۇشاللىقىدىن قاقىلداپ كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا، بىر بۈركۈت ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قامالىغىنىچە ئۇلجا سۈپىتىدە ئېلىپ كېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

## پادىچى بىلەن بۆرە

پادىچى بىر بۆرە كۈچۈكىنى تۇتۇپ كېلىپ، نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنى ئۆز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانغا كۆندۈرۈپتۇ ھەمدە ئۇنى باشقىلارنىڭ قوتىنىدىكى قويلارنى ئوغرىلاپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۆرە كۆرەڭلىگەن ھالدا ئۇنىڭغا:

—چاتاق يوق، ئەمما، سەنمۇ ئۆزۈڭنىڭ قويلىرىڭغا ھېزى بول، — دەپتۇ.







# چۈمۈلە بىلەن كەپتەر

چۈمۈلە ئۆستەڭ بويىغا سۇ ئىچكىلى بېرىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرغان كەپتەر بىر تال يوپۇرماقنى سۇغا تاشلاپ بېرىپتىكەن، چۈمۈلە شۇ ئارقىلىق قىرغاققا ئامان - ئېسەن چىقىۋاپتۇ. كېيىن، بىر ئوۋچى كەپتەرنى تۇتماقچى بولۇپ، يېپىشقاق تاياقنى ئۇنىڭغا ئاستا ئۇزىتىپتۇ. چۈمۈلە ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قېلىپ، دەرھال پۇتىنى چېقىۋاپتۇ. ئوۋچى ئاغرىققا چىدىماي سەكرەپ كېتىپتۇ، كەپتەرمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ.



كىتاب تورى ئۇيغۇر
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى تارىسى



# ئىككى پاقا

يازدا ھاۋا ئىسسىپ، كۆلچەكنىڭ سۈيى قۇ-
رۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە ياشايدىغان ئىككى پاقا
باشقا جايغا ماكانلىشىشقا مەجبۇر بوپتۇ ھەمدە
لىپمۇلىق سۇ بار بىر قۇدۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ.
بىر پاقا:

—مۇشۇنىڭ ئىچىدە ياشىساق، سۇدىن غەم
قىلمىغۇدەكمىز، — دەپتىكەن، يەنە بىرى بې-
شىنى چايقاپ:

—لېكىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇدۇق سۇ-
يىمۇ قۇرۇپ كەتسە، بىز ئۇنىڭ ئىچىدىن مەڭگۈ
چىقالماي قالىمىز، — دەپتۇ.



# قۇشقاچ بىلەن ياۋا توشقان

ياۋا توشقاننى بۈركۈت تۇتۇۋالغانىكەن، بىر قۇشقاچ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ:

— ئادەتتە بەك تېز يۈگۈرەيتتىڭغۇ، ئەمدى نېمە بولدۇڭ ؟ — دەپتۇ. ئۇ شۇنداق كاسىلداپ سۆزلەۋاتقاندا، يەنە بىر بۈركۈت كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. ياۋا توشقان جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا:

— تېخى بايىلا مېنى مەسخىرە قىلىۋاتاتتىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭمۇ ماڭا ئوخشاش قىسمەتكە قالدىڭ، — دەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرىسى

# بۆرگە بىلەن كالا

بۆرگە كالىغا:

— سەن شۇنداق يوغان ھەم كۈچلۈك تۇرۇپ كۈندە ئېتىزدا جاپا چېكىپ ئىشلەيدىكەنسەن، يەيدىغىنىڭمۇ ئارانلا چۆپكەن. مەن بولسام كۈندە ئەركىن ـ ئازادە ياشايمەن، كۈندىلىك غىزايىمدا گۆش بىلەن قان كەم بولمايدۇ، — دەپتىكەن، كالا جاۋابەن:

— لېكىن، ئادەملەر مېنى ياخشى كۆرىدۇ، ماڭا يېقىنچىلىق قىلىپ، بېشىمغا ۋە دۈمبەمگە ئۇرۇپ قويىدۇ، — دەپتۇ. بۆرگە:

— ئۇلارنىڭ ئۇرۇشى ساڭا خۇشياقمىنى بىلەن، مېنىڭ جېنىمنى ئالىدۇ، — دەپتۇ.



# ئېشەك بىلەن ئۇرۇش ئېتى

ئېشەك ئۇرۇش ئېتىنىڭ كۈن بويى ھېچ ئىش قىلماي، ئوبدان بېقىلىۋاتقىنىنى، ئۆزىنىڭ يېرىم ئاچ، يېرىم توق ھالدا ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەيۋاتقىنىغا قاراپ، ئۇرۇش ئېتىنىڭ تەقدىرىگە ئىچ - ئىچىدىن زوقلىنىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇرۇش پارتلاپتۇ، ئۇرۇش ئېتى جەڭچىلەر بىلەن ئالدىنقى سەپكە كېتىپتۇ ھەمدە ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلۈپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئېشەك ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە شۇ ھامان شۈكۈر قىپتۇ.





# يىلان بىلەن بۈركۈت

بىر دېھقان يولدا كېتىۋېتىپ، بىر يىلاننىڭ بىر بۈركۈتكە يۆگىشىۋالغانلىقىنى، بۈركۈتنىڭ ئۆلەر ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ــ دە، يىلاننى ئاجرىتىپ، بۈركۈتنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. ئۆلجىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يىلاننىڭ غەزىپى كېلىپ، دېھقاننىڭ سۇ قاچىلىۋالغان قۇتىسىغا ئوغرىلىقچە ئۆز زەھىرىنى تېمىتىپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا، دېھقان ئۇسساپ كېتىپ، سۇنى ئەمدىلا ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى بۈركۈت نەلەردىندۇر پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى سۇ قۇتىسىنى تارتىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، دېھقان ھايات قاپتۇ.





www.uyghurkitap.com

# تۈلكە بىلەن كىرپە

بىر تۈلكە ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ، تاغ جىلغىسىغا قاپسىلىپ قاپتۇ. ئاچ قالغان بىر توپ چىۋىن ئۇنى ئورىۋېلىپ، ھەدەپ قېنىنى شوراشقا باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا، بىر كىرپە كېلىپ، ئۇ رەزىل چىۋىنلەرنى قوغلىۋەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن، تۈلكە ئۇنى توسۇپ:

— رەھمەت ساڭا، دوستۇم، لېكىن بۇلارنى قوغلىۋەتمە، بۇ چىۋىنلەر مېنىڭ قېنىم بىلەن قورسىقىنى توقلاپ بولدى. ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، يەنە بىر توپ ئاچ قالغان چىۋىنلەر كېلىدۇ، ئۇ چاغدا مەن بىراقلا تۈگىشىمەن، — دەپتۇ.



# قۇشقاچ بىلەن چۈمۈلە

چۈمۈلىلەر پىژغىرىم ئىسسىقتا قىشلىق غېمىنى يەپ، ئۇۋىسىغا نۇرغۇن يېمەكلىك توپلىۋاپتۇ. قۇشقاچ بولسا غېمىدە يوق ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ يۈرۈپتۇ.

قىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە، چۈمۈلىلەر ئۇۋىسىدا خاتىرجەم غىزالىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر چاغدا، قۇشقاچ ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ئازراق يېمەكلىك بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. چۈمۈلىلەر:

—يازدا بىز جاپالىق ئەمگەك قىلغاندا، سەن خىيالىڭدا يوق يۈرگەنىدىڭ. ئەمدى قورسىقىڭ ئاچقاندا بىزنى ئىزدەپ كەلسەڭ، ساڭا نېمىشقا ياردەم قىلغۇدەكمىز؟ — دەپتۇ.



# دېھقان بىلەن بۆرە

دېھقان كالىسىنى ساپاندىن بوشىتىپ، سۇ ئىچۈرگىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا، بىر ئاچ بۆرە ساپاننىڭ قېشىغا كېلىپ، بېشىنى ئۇ-نىڭ ئىچىگە تىقىپ بېقىپتۇ، بىراق تارتىپ چىقىرالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جان ئاچچىقىدا ئۆزىنى ئۇيان - بۇيان ئېتىشقا باشلاپتۇ. دېھقان قايتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەمدى ياخشى بوپتۇ، سەن ئەبلەخمۇ ئىش قىلىشنى ئۆگىنىپ باق، — دەپتۇ.



# بۇقا بىلەن شىر

شىر بالىسى ئۇخلاۋاتقانىكەن، بىر بۇقا كې-
لىپ، ئۇنى ئۇسۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. شىر
قايتىپ كېلىپ، بالىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى
كۆرۈپتۇ – دە، ئازابلىنىپ يىغلاپ كېتىپتۇ.
يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرغان بىر ئۇۋچى
ئۇنىڭغا:

— ئوبدان ئويلاپ باق، قانچىلىگەن ھايۋانلار
سېنىڭ ئۆتكۈر تىرنىقىڭ ئاستىدا ھالاك بولدى،
ئۇلارنىڭ ئانىلىرىمۇ ساڭا ئوخشاش ئازابلانغان
بولغىيتتى، — دەپتۇ.







# ئىككى پاقا

بىر پاقا سۇيى چوڭقۇر كۆلچەكتە، يەنە بىر پاقا ئۇنىڭ يېنىدىكى سۇيى تېيىز ئېرىقتا ياشايدىكەن. كۆلچەكتە ياشايدىغان پاقا ئېرىقتا ياشايدىغان پاقىنى ئۆزىنىڭ قېشىغا كۆچۈپ چىقىشقا دەۋەت قىلغانىكەن، ئۇ رەت قىلىپ:

— مەن مۇشۇ ئېرىقتا كۆنۈپ قالدىم، باشقا جايغا كۆچسەم قاملاشمايمەن، — دەپتۇ. ھايال ئۆتمەيلا، لىق يۈك بېسىلغان بىر ھارۋا ئېرىقتىن ئۆتۈۋېتىپ، ئۇنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.



# ساياھەتچى بىلەن ئۇنىڭ ئىتى

ساياھەتچى نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇ-
رۇپ، يولغا چىقماقچى بوپتۇ ھەمدە ئىتنىڭ بۇ-
سۇغىدا لاپچىيىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— مەن تەييارلىنىپ بولدۇم، چاققان ماڭ-
ماسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئىت قۇيرۇقىنى
شىپپاڭلىتىپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— خوجايىن، مەن ئاللىبۇرۇن تەييار-
لىنىپ بولغان، سىزنىلا ساقلاپ تۇرۇۋاتى-
مەن! — دەپتۇ.



[General Information]
书名=老鼠开会　维吾尔文
SS号=40209952